

# چېگرا رايوندا تاڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# چيگرا رايوندا تاڭ

مىللەتلەر نەشرياتى

بېيجىن — 1958

# مەزمۇنى

ھەربىدىن بوشىغان ۋاسىلى ئوز ژۇرتىغا قايتىدۇ ۋە پارتىيىنىڭ رەھبەرلىگىدە كەڭ دىخانلار بىلەن بىللە كولخوز قۇرۇدۇ. لېكىن پومېششىك ۋە ئەكسىلئىنقىلاپچىلار ئوزھالاكىتىگەنى بەرمەي، ۋاسىلىنىڭ كىيوغلى مىخاشنىڭ تۇراقسىزلىغىدىن پايدىلىنىپ، مىڭ بىر ئاماللارنى ئىشلىتىپ بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ. بەختكە يارىشا مىخاش ۋاختىدا ھۇشيار بولۇدۇ ۋە بىر تۇتام ئەكسىلئىنقىلاپچىلارنى تۇگەل قولغا چۇشۇرۇدۇ (بۇ كىتاپچە سوۋېت يازغۇچىسى يانكا. بۇلۇلىنىڭ ھېكايىسى بويىچە جۇڭگو ياشلار نەشرىياتىدىن نەشر قىلىنغان ئايرىم كىتاپچىغا ئاساسەن تۇزۇلگەن).

1



سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بلوروسيه رايونىدىكى زاپولوچ كەنتى ئاۋال پولشا پومېشچىكلىرىنىڭ قولىدا ئىدى. ۋەتەن ئۇرۇشىدىن كېيىنلا ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلدى. ھەربىدىن بوشىغان ۋاسىلىگە ژۇرتىدىن ئايرىلغىلى 7 ژىل بولغان ئىدى. ھازىر ئۇ تولۇپ-تاشقان روھ بىلەن ژۇرتىغا قايتىپ كېلىپ كولخوز قورماقچى بولدى.

www.uyghurkitap.com




ۋاسلى يولدا بىرەر تونۇشىنىڭ ئۇچراپ قېلىشىنى تاقەت-
سىزلىك بىلەن كۈتتى. بىر ئاز مېڭىپ بىر ژۇرتىراشقا يولۇقتى. ۋا-
سىلى ئۇنىڭ پومېششىك بوبلوكلىغىنى تونۇۋېلىپ: «ھەي، سەنمى-
دىڭ! نەدىن كېلىشىڭ؟ غەللە قويۇپ كەلگەن ئوخشىمامسەن؟»—
دېدى-دە، يانداپ ئوتۇپ كەتمەكچى بولدى. لېكىن پالكوز
شەيتان دەرھال: «ۋاسىلى، ۋاسىلى، ھەجەپمۇ ياخشى كەپ-
سەن......»—دېدى. ۋاسىلى ئامالسىز سوزلۇشۇپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



بوبلوك زەردى بىلەن: «شۇنى دېمەمسەن، پاراق، ھەر قانچە قىلىپمۇ تۇگۇتەلمىدىم» — دېدى - دە، ئارقىسىدىنلا: خەخلەر مېنى چىشلەپ تارتىپ يومىششىك قىلىپ قويدى، مەن ژۇقۇرىسىغا تەركىۋىمنى قايتا بەلگىلەش توغرىسىدا ئەرز قىلىمەن، دەپ شىكا-يەت ئېيتىشقا باشلىدى.



ۋاسىلى ئۇنىڭ لۇلىلىغىنى ئوبدان بىلەتتى، شۇڭا قەستەن:
«ئۇۋال بوپتۇ! ياخشى ئويلاپسەن، بۇ چارىنى «ئىنجىل» كىتاۋى-
دىن تاپقان ئوخشىمامسەن؟» — دېدى. بوبلۇك دەرھال بېشىنى ئېچىگە
تىقىۋالدى. دەل شۇ چاغدا، ئارقا تەرەپتىن توزاڭ چىقىپ، بىر
هارۋا ئۇچقاندەك چېپىپ كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئەمدى ئۇز ئادىمى كەلدى. ئۇ ـ كەمبىغەل دىخان ياچىلى بوۋايكەن. ۋاسىلى ئۇنىلۇك چاقىردى، بوۋايمۇ تونىدى ـ دە، خوشال بولۇپ: «بەللى، سەنكەنسەنغۇ، ۋاسىلى!» ـــ دەپلاقاتتىق قوچاغلاشتى.



ياچىلى ئارقىغا بۇرۇلۇپ پومېششىك بوبلوۇكنى كوردى ـ دە، دەرھال تەنە قىلىپ: «ھە، مەن دېسەڭچۇ، پاراق تاپشۇرۇشقا چىققىلى ئون كۈن بولسىمۇ، ئاران توققۇز چاقىرىم مېڭىپسەندە، ئويۇڭگە خەت ـ پېتەڭ بارمۇ، ئالغاچ كېتەي؟» ـــ دېدى. بوبلوۇكنىڭ بېشى تېخىمۇ ئىچىگە كىرىپ كەتتى، ئەمما ئۇنىڭ كوزىدە غەزەپ ئوتى چاقناپ تۇراتتى.




بوۋاي دەسلەپتە ۋاسىلىغا: «ئۇكام، گىتلېرنىڭ قولىدىن بېرلىندەك شەھەرنى ئالدىڭلار، ئەمدى بولسا ئەشۇنداق كۇسوتكە بىلەن ھەمىيول بولۇپ قارغۇمۇسەن؟» — دېدى. ۋاسىلىي كۈلۈپ قويۇپ، ئارقا-ئارقىدىن يېزىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى.



زاپولوچ كەتتىگە كەلگەندە گۇگۇم چۈشكەن ئىدى، ۋاسىلى بوۋاي بىلەن خوشلۇشۇپ، ئوز ئويىگە قاراپ ماڭدى، ھەممە ئا-
ۋالقىدەكلا، پەقەتلا بىر يىگى كەپە قوشۇلۇپتۇ. دېرىزىدىن چۈش-
كەن چىراق نۇرى ژۇرتىدىن ئايرىلغىلى ئۇزۇن بولغان مۇساپىرنىڭ ژۇرۇگىگە سۇ سەپتى.




www.uyghurkitap.com

نەچچە ژىلدىن بىرى، ۋاسىلى ئانىسى بىلەن كورۈشكەندە: ئانىسىنىڭ ژىغلىشىنى، ئوزىنىڭ كۆلۈمسىرەپ تەسەللى بېرىشىنى كوز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ژۈرەتتى. مانا ئەمدى ئۇ «ئانا!» دەپ ۋاقىراش بىلەنلا، ئىختىيارسىز ھالدا ئۈنلۈك ژىغلىۋەتتى. ئويدىن: «تالادىكى كىم؟»—دىگەن ئاۋاز چىقتى. ۋاسىلى: «ئانا! مەن»—دىدى.



قېرى ئانىسى ۋاسىلىنى چىراقتا يېقىن ئەكىلىپ قانچە كورۈۋالغاندىن كېيىن ئۇزۇندىن كۈتكەن ئوغلى بىلەن قوچاغلاشتى ۋە بىر ياقتىن خوشال بولۇپ، بىر ياقتىن مەيۇسلىنىپ: «جېنىم ئوغلۇم، بۇگۈن سېنىڭ كېلىشىڭنى كوڭلۇم تۇيغان ئىدى، دېگەندەكلا كەلدىڭ» — دېدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

24 ياشلىق ئىنىسى مىكارامۇ كەلدى. ئۇنىڭ بىر قولى پارتىزان ئۇرۇشىدا يارىلانغاندىن كېيىن كېسىۋېتىلگەن ئىدى. ئىككىسى چىڭ قۇچاغلاشتى ۋە سالاملاشتى. ئانىسى ھەۋەسى كېلىپ خوشاللىقىدىن ژىغلىۋەتتى.



تاراق - تۇرۇق قىلىپلا ئىشىك ئېچىلدى - دە، بىر تونۇش ئەمەس كىشى كىرىپ ۋاسىلى بىلەن قول ئېلىشتى، ۋە: «بەللى! سىز ۋاسىلىۋ دەيمەن! بىز سىزنى ئۇزۇن كۈتتۇق، بارىكاللا! بارىكاللا!» — دېدى، ۋاسىلى بۇ كىشىنى تونۇمايتتى. مىكارا ئۇنىڭغا: «سەن بېرىپ ترادىنانىڭكەدىن بىر بوتولكا كانىيەك ئېلىپ كەلگىنە» — دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



تونۇش ئەمەس كىشى كەتكەندىن كېيىن، ۋاسىلى: «ئۇ كىم؟» ــ دەپ سورىدى. مىكارا: ئېتى گوبكا، ياغاچچى، بۇيەرگە كەلگىنىگە بىرەر ژىل بولدى، ئۇنىڭ قانداق ئادەملىگىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، ھازىرئۇ ئويىمىزگە دېرىزە ياساپ بېرىۋاتىدۇ، دېدى.



ۋاسىلى دەرھال گوبىكادىن گۇمانلاندى ۋە ھاراق ئىچكەندىمۇ ئارتۇق سوز قىلمىدى، ئەمما مىكارانىڭ كەيپى ناھايىتى ئۇستۇن ئىدى. ئۇ، كولخوز ھەققىدە ئېغىز ئاچقانىدى! ئىچ - ئىچىدىن خوشال بولۇپ: «ئاكا، تازا ۋاختىدا كەپسەن، كولخوز قۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلغىن» — دېدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ۋاسىلى ئىچىدە ئۆكسىنىڭ ئارقى ـ ئالدىنى ئويلۇماي قىلغان گېپىگە ئاچچىقلاندى، گەپنى چەتلەشتۈرۈپ، گوبىكىدىن: «سەن مېنى بىرەر ياخشى كولخوز قۇرار دەپ پەرەز قىلامسەن؟» ــ دەپ سورىدى. گوبىكا دودۇقلاپ: «مەن نىمە دىيەلەيمەن؟ مەن بۇ يەرگە يات» ــ دىدى.



گوبكا كەتكەندىن كېيىنلا مىكارا ئاكىسىغا: «كۆردۈڭمۇ، ياخشى ئادەم ئەمەس، هازىرچە ھېچنىمە دېمەيدۇ، ئەمما بىز ئۇنىڭ بىكاردىن ـ بىكار بۇ يەردە مۇساپىر بولۇپ ژۈرمەـگەنلىگىنى بىلـمىز» ـــ دېدى. قېرى ئانىسى پىچىرلاپ: «ئاستىراق، تالادا بىرسى قۇلاق سېلىۋاتىدىغاندۇ!» ـــ دېدى.



ئۇخلاشتىن ئاۋال مىكارا پرېژېكتېرنى ئېلىپ تالاغا چىقتى ۋە دېرىزە يېنىدىكى ئىزنى كوردى ـ دە، ئانىسىغا ۋە ئاكىسىغا قاراپ: «قاراڭلار، دېگەندەكلا بىرسى ئوغورلۇقچە ئاڭلاپتۇ، ۋاي ئىبلىس، بىزسىلەرنى تاپماي قويمايمىز» ــ دېدى.



ئەرتىسى سەھەردە ۋاسىلىنىڭ سىڭلىسى ۋانيا بىلەن ئېرى
مىخاش كەلدى. مىخاش ھاللىق ئوتتۇرا دىخان بولۇپ، پارتىزان
ئۇرۇشىدا بىر پۇتىدىن ئايرىلغان ئىدى. ئۇنىڭ كولخوزغا كىرىش
ھەۋىسى كۈچلۈك ئەمەس، ئۇھەقتە ئېغىزدۇ ئاچمىغان.



ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كەنتكىلەرنىڭ تولىسى كەلدى، ئۇلار كەلگۈسى كولخوز ھەققىدە پاراڭغا چۈشتى، ياچىلى كوپ سوزلەيتتى. ئۇ «ئېچىلغان تىڭ» رومانىنى ئوقۇغان ئىدى، شۇڭا ئۇ ۋاسىلىدىن: «زاپولوچ كەنتىمىزدىمۇ كولخوزغا كىرىشنى كەينىگە سوزغۇچى ياكى تاپا-تەنە قىلىپ ژۇرگۇچىلەرمۇ بولارمۇ؟» — دەپ بولۇپلا، قەستەن مەخاشقا قاراپ قويدى.



بۇ گەپ مخاشقا ھاركەلدى. ئۇ غەزەپ بلەن: «كېرەك يوق، ئاشلغم يەتكدەك بار، كولخوزغا كر مسەممۇ ئاچ قالمايمەن، سەن تولا ۋالاقشما!» ـــ دېدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مخاشنىڭ سوزى ۋاسلىغا قاتتىق تەگدى. ۋاسلى كىيوغلىنىڭ مۇنداق ئادەملىگىنى ئويلىمىغان ئىدى. شۇنداقتىمۇ ۋاسلى ئۇنىڭ بىلەن تونجى قېتىم ئۇچراشقىنىغا قاردىماي، ئاۋالقىدەكلا: «ھېشقىسى يوق، دەسلەپتە بىرەر - يېرىم يۇتلاشقۇچىلار چىقىدۇ، ئەگەر ئۇ تۇزىيولغا كىرمىسە، ئۆزىگە - ئۆزى زامىن بولىدۇ»— دېدى.



مىخاشىنىڭ كۆڭلى بەك بېسرەمجان بولدى. ئۇ، ئۆزى يالغۇز دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ: مەن زادى خالىمايمەنمۇ؟ مەن پار-تىزان ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ قانلار توككەن ئىدىم، ئاران بىر تەستە يېرىمنى ساقلاپ قالدىم...... ھازىرقى تۇرمۇش مەن ئۈچۈن نىمە دېگەن قىممەتلىك، ئەمما مېنىڭ ,..... كوزۇم قىمايدۇ......دەپ ئويلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ۋاسىلى بىر كۇنلا دەم ئېلىپ، ئىشقا چىقتى. ئۇ، گەمدە ياتقان ئەزالارغا كەپە ياساپ بېرىش ئۈچۈن ياغاچ كېسىش ئەترىدىگە قاتناشتى ۋە چانىغا ئولتۇرۇپ ئورمانغا قاراپ خوشال ماڭدى. ئوتمۇشتە پولشا پومېششىكلىرىنىڭ قولىدىكى ئورماندىن ئەمدى بۇلار پايدىلىنىدىغان بولدى.




كەتتە ئۈچ ئەۋلادىغىچە يالىنىپ ئىشلىگەن ئىۋان ژۇگ-
رەپ كەلدى. ئۇ ھازىرغىچە توخۇ كاتىكىدەك كەمىدە ياشاپ
كەلگەن، ئەمدى بولسا ئۇنىڭغا يېڭىدىن كەپە ياساپ بېرىلمەك بولدى.
ئۇ تەرگە چومگەن ھالدا: «گوبكا سىزنى رەئىس، مىكارانى كلۇپ
مۇدىرى بولىدى دەپ پىتنە تارىتىۋاتىدۇ، ئۇيەنە پات - يېقىندا
ئۇرۇش باشلىنىدۇ...... دەيدۇ»—دېدى.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئۇۋان ۋاسىلدىن: نىمە ئۇچۇن رايون ئەشۇنداق مۇناپىق-
نىڭ يوشۇرۇنۇپ ژۇرگەنلىگىنى بىلمەيدۇ؟ — دەپ سورىدى.
ۋاسىلى بىگى - ياچە كەلگەن بولۇپ ئەھۋالىنى تولۇق بىلمىسىمۇ،
لېكىن ئۇ: «رايوندىن ئۇنىڭ جاجىسىنى بەرمەي قويمايدۇ، بىز
تېخىمۇ ھۇشيار بولايلى، ئۇنىڭ ھەركىتىگە دىققەت قىلايلى» — دېدى.



رايكومنىڭ رەھبەرلىگىدە، 12 – ئايغىچە كەنت بويىچە ئونبەش ئۆيلۈك دىخان كولخوزغا كىرىش ئىلتىماسىنى بەردى. بىرىنچى ئايدا زاپولوچ كەنتىدىكىلەر كلۇبتا دىخانلارنىڭ چوڭ ژىغىنىنى ئاچتى.



پومېشچىك، باي دېھقانلار بىر بۇلۇڭدا، ئوتتۇرا دېھقانلار بولسا ئايرىلىشىپ ئولتۇراتتى. رايون ۋەكىلى كاستۇس دوكلاد بەردى. ئۇ: «سىلەرنىڭ كەنتىڭلەر رايونىمىز بويىچە بىرىنچى بولۇپ توغرى يولغا ماڭغان كەنت، مەن رايونغا ۋاكالىتەن سىلەرنى تەبرىكلەيمەن»— دېدى.



گوبكانىڭ ئوينىشى، قالاق ئۇنسۇر ترادىنا مەجلىستە دودەنلىك قىلدى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ: «سەن تولا يەپ تىقىلىپ سەمرىپ كېتىپسەن، ئىگىزدە تۇرۇپ تووەننى كورمەيسەن، سەن تېخى قىزارماستىن بىزنى تەبرىكلەۋاتامسەن!» — دەپ ۋالاقشىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



كاستۇس: «مەن ئورۇنسىز چېچىلمايمەن، شۇڭا ئورۇقلىمايمەن، سەنمۇ ئازراق ۋاقىرىساڭ سەمىرىپ قالىسەن» — دەپ جاۋاپ بەردى. ئىرادىسىنا يەنە كاپىشاي دەپ تۇرۇشىغا، مىخاش ئۇنىڭغا ئالىيىپ قاراپ: «ئاغزىڭنى ژۇمۇپ خەققە سوز بەرسەڭچۇ؟» — دېدى.



كاستۇس يەنە: «دېخانلار ئۇچۇن بىردىن ـ بىر توغرى يول ـ كولخوزغا كىرىش. ئۇ بىزنى هاللىق ۋە مەدەنىيەتلىك قىلىدۇ. ئۇتمۇشتە بىز پولشا پومېششىكلىرىنىڭ قولىدا ئېزىلگەن ئىدۇق. مانا ئەمدى ئازات بولدۇق، لېكىن بىز ۋە تەندىن 20 ژىل كېيىن قالدۇق، سوۋېت هاكىمىيىتىگە ئىشەنگىنىمىز ئۆزىمىزگە ئىشەنگەنگە ئوخشاش ......» ـــ دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



دوكلادتىن كېيىن كوپچىلىك قىزغىن پاراڭغا چۈشتى، پەقەت مىخاشلا جىم ئولتۇراتتى. ۋاسىلى ئۇنى كورۈپ: «مىخاش، بۈگۈن ئىلتىماس يازساڭچۇ؟ نىمە ئۈچۈن بىز بىلەن بىللە بولغۇڭ كەلمەيدۇ؟» — دەپ سورىدى.




مىخاش ۋاسىلىغا شۇبھە بىلەن قارىدى، ئىچىدە: ئەمدى مېنىمۇ شۇلارغا قوشماقچى؟ دەپ ئويلاپ، ئاچچىقىدا: «تاغا، سەن ئوزەڭ بىلگەننى قىل، مېنىڭ بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، مېنىڭ ئويۇم ئوستەڭنىڭ ئۇقېتىدا ......» — دېدى. بىرسى: «ئوستەڭگە كورۈك سېلىپ بېرەيلى، ياكى كېمە سېلىپ بېرەيلى، بولمىسا ئوتەلمەيدۇ!» — دېيىشتى، ھەممە كۇلۇشۇپ كەتتى.



كوپچىلىك تىزىمغا ئالدۇرۇشقا تىزىلدى. پومېششىك بوبلۇك بىلەن پولشا ئىسلزادىسى سىبىكمۇ ئارقىدا تۇردى، ھەممە سەھنىگە قاراپ تۇراتتى، رايون ۋەكىلى كاستۇس: «چوڭ تاغا، تىزىمغا ئال- دۇرساڭلار بولۇدۇ، ئەمما كولخوزغا ئىلىش ـ ئالماسلىقنى كوپچى- لىك بەلگىلەيدۇ» ـــ دېدى.



كوپچىلىك پومېششىك بوبلۇك بىلەن ئېسىلزادە سىبىكنى كولخوزغا قوبۇل كورمىدى. ھەممە ئاچچىقى بىلەن: «ئۇلارنى تەزىمغا ئالماڭلار، بۇ يەردىن چىقىپ كەتسۇن!» — دەپ ۋاقىراشتى.

www.uyghurkitap.com



ئەڭ ئاخىردا كوپچىلىك كولخوزغا «لېنىن يولى» دەپ
نام بېرىشنى بىر ئېغىزدىن ماقۇللىدى ۋە ۋاسىلىنى كولخوز رەئىس-
لىكىگە، ياچىلى، مىكارا باشلىق بەش كىشىنى كولخوزنىڭ باش-
قۇرۇش ھەيئەتلىكىگە سايلىدى.



مەجلىستىن كېيىن كلۇبتا كاتتا تانسا بولدى. ژىگىت ۋە قىزلارنىڭ ھەممىسى كەلدى، ھەتتا قېرىلارمۇ ياخشى كېيىنىپ كىردى. پەقەت پومېششىك ئەبلەخلەرلا قاتناشمىدى. مىخاشمۇ كوزدىن يوقالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ئەسلىدە مەخاشىنىڭ كوڭۇل خاپىلىقى جىق بولغاشقا ئويـ
گە قايتىپ كەلگەن ئىكەن. ئۇ كىلىپلا ئوزىنى كارۋاتقا تاشلاپ
جىم ياتتى، خوتۇنى هال سورىسا، ئۇ ئاچچىقلاپ خوتۇنىنىڭمۇ
مەجلىستە زاڭلىق قىلغانلىقىنى تاپا قىلدى.




خوتۇنى: ھەممە گەپ ئۆزەڭدە، نىمشكە يېزىلمايسەن؟
دېدى. بۇگەپ مىخاشىنىڭ يارىسىغا تۇز سەپكەندەك بولدى. نەچچە
كۆڭلۈك خاپىلىغىنى خوتۇنىدىن ئالماقچى بولۇپ ئۇنى ئۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



مىخاش خوتۇننى ھېچقاچان ئۇرۇپ باقمىغان ئىدى. ئەك-
كىسى تېخى پارتىزان ئۇرۇشى ۋاختىدىلا مۇھەببەت باغلىشىپ
تۇرمۇش قۇرغان ۋە تاھازىرغىچە بىر-بىرىگە ناھايىتى ئامراق ئىدى.
بۇ يولقى تاياق قانداقمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەگمىسۇن؟ ئۇ بالىسىغە-
مۇ قارىماي ژىغلىغان پېتى چىقىپ كەتتى.



ئۇ ئانىسىنىڭكىگە باردى. ۋاسىلى بىلەن مىكارا ئەمدىلا
تانىسىدىن كەلگەن ئىكەن، سىڭلىسى بىر ياقتىن ژىغلاپ تۇرۇپ
بىر ياقتىن بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىنى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مكارانىڭ تازا ئاچچىقى كەلدى. ۋاسىلى مخاشىنىڭ بۇگۇنكى ئەلپازىنى بىلەتتى، شۇڭا سىگلىسىغا بىر ئاز تەسەللى بەردى، ئاندىن كىيىن ئۇنى ئۇزۇتۇپ قويدى، ئايىللار ۋاختىدا: «كىرەك يوق، ھەممە-ئىش ئوگشۇلۇپ كىتىدۇ، ئۇ ھەر قانچە قىلغان بىلەن ئوز ئادىمىمىز، شۇنىگدەك ئۇ ئانچىمۇ بىخۇت ئادەم ئەمەس» — دىدى.



ۋاسىلى قايتىپ كەلدى. مىكارا ئۇخلاپ قاپتۇ، ۋاسىلى سىڭلىسى ھەققىدە كوڭلى خاپا بولۇپ ئىچىدە: ئەمدى قانداق قىلساق بولار؟ مىخاش ئۇزۇنغىچە بىخۇت بويىچە قالارمۇ؟ــدەپ غەم قىلدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تۇيۇقسىزلا تالادا يانغان ئوت كورۇنۇپ، دېرىزە قىزىرىپ كەتتى. ۋاسىلى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ: «مىكارا! مىكارا، ئوت كەتتى!» — دەپ ۋاقىرىدى.



ئەسلىدە كلۇپقا ئوت كەتكەن ئىكەن، ئوت كېتىش بۇ كونا كەنتتىكىلەر ئۈچۈن ئەڭ ۋەھشەتلىك ۋەقە ئىدى، شۇڭا ھەممە خەق ژۇگرەپ چىقىشتى. ئەرلەر ئەتىراپتىكى ئوكۆزىلەرگە چىقىپ ئوت ئۆچۈرمەك بولدى، ئەمما ئوت خېلى ئۈلۈق يانغاشقا تۇڭدىكى سۇ بىلەن ئۆچۈرۈشكە بولمايتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورخانىسى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئوت كېڭىيىشكە باشلىدى، شۇچاغدا بىرسى: «بونىمەن كەنتىنىڭ ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى كەلدى!» — دەپ ۋاقىرىدى. دېگەندەكلا قاراڭغۇدا ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىسى قوڭغۇرىقىنى جاراڭلىتىپ كەلدى. بۇ ماشىنا خوشنا كەنتتىكى بونىمەن كولخوزىدىن ياردەمگە كەلگەن ئىدى.



ماشىنا توختاش بىلەنلا ئوت ئۆچۈرگۈچىلەر ھەركەتكە كەلدى، نودىن سۇ ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ، يالقۇن ئۈستىگە چېچىلدى ۋە ئاخىرى ئوت ئۆچۈرۈلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كۈن ئاستىلاپ يورۇشقا باشلىدى، ۋاسىلى پەقەت شۇ چاغدىلا خوشنا كولخوزنىڭ رەئىسى مالبۇيچىنىڭمۇ كەلگەنلىكىنى كوردى. مالبۇيچ ئىس چىقىۋاتقان ئويگە قاراپ: «ژىگىتلەر ۋەقە ئايدىلىڭ، ئوتنى بۇزۇق كىشىلەر قويغان، ئەمما ئويدىكى كىتاپلارنىڭ ھەممىسى كىرەكتىن چىقىپتۇ» — دىدى.



مالېۋىچ يەنە: «ژىگىتلەر، ئاراڭلاردا قورقۇپ قالغانلارمۇ باردۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن رەئىسكە بېرىپ، ئىلتىماسىڭلارنى قايتۇرۇپ ئالساڭلارچۇ؟»—دېدى. ژىگىتلەر بۇنىڭغا كۈلكە بىلەن جاۋاپ بەردى. مىكارا: «قورققان كىشى تېخى ئىلتىماسمۇ يازمىغاندۇ!»—دېدى.



ئىككى كولخوز رەئىسى دەرھال ئەرتىيازلىق تېرىلغۇ ئۈستىدە پاراڭغا چۈشتى. مالېۋىچ ۋاسىلىغا: ئۆزلىرىنىڭ ئەلا سۈپەتلىك ئۇرۇقلىرىنى «لېنىن يولى» كولخوزىغا كۆزدە قايتۇرۇپ بېرىش شەرتى بىلەن قەرزگە بېرىشنى ۋەدە قىلدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



بىر كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، يېڭى كولخوز دېخانچىلىق سايمانلىرىنى توپلىماقچى بولدى، ئەزالار ھارۋا، بوقۇسا ـ بوياتتۇ‑رۇق، سورەم ۋە شامالدۇرغۇچلىرىنى سايمان ئامبىرىغا ئېلىپ كېلىشتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كىشىلەرنىڭ شەخسىي نەرسىسىدىن ۋاز كېچىشى قىيىن گەپ. ياچىلى بوۋاي بىرىنچى بولۇپ ئامراق كورگەن ئېتىنى تازا پاكىزە.ژۇپ— تاراپ كولخوزغا ئېلىپ كەلدى ۋە مىكاراغا تاپشۇردى.



ئەمما ئۇ سەل مېڭىپلا يەنە ئارقىغا بۇرۇلۇپ، ئېتىغا بىر قاراپ قويۇپ، مىكاراغا: «نىمە دېگەن قاۋۇل ئات، ئاران بىر تەستە قولغا چۈشۈرگەن ئىدىم، كوزۇم پەقەت قىيمايۋاتىدۇ...... ئەمدى، ژىگىت، بۇ گەپنى باشقا ھېچكىمگە دېمىگىن» — دېدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىپى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



ئۇۋانمۇ پېرىم ئومۇر ئىشلەپ تاپقان پېگى جۇمبا، دوغا، بوجا قاتارلىق نەرسىلىرىنى كوتۇرۇپ كەلدى. پەقەت هارۋا بىلەن بىر ياخشى ئاتلا كاملىق قىلاتتى، ئۇنى ئېلىشقا قۇربى يەتمىگەن ئىدى.



هايال بولماي، ئىۋاننىڭ نەرسىلىرى بىلەن قوشۇلغان بىر ئاتلىق هارۋا چىقىپ كەلدى. ئۇ، ئادەمنى زوقلاندۇراتتى، ئەمما نىمە ئۈچۈندۇ ئىۋاننىڭ قولى تىترەپ كەتتى، ئۇ ئەزەلدىن تاماكا چەكمەيتتى، هازىر بولسا ۋاسىلىنىڭ ئالدىغا بېرىپ: «ئۇكام، تاماكاڭنى بىر شوراشقا بەرسەڭچۇ!» — دېدى.




www.uyghurkitap.com

ئۇ، ھەدەپ چىكىشۋەدى، كالىپۇكلىرى بىھوش بولۇپ قالدى، كوزى ياشاغىراپ كەتتى، ئاخىرى ياش ئاقتى. ۋاسىلى ئۇنىڭ كوڭلىدىكىنى بىلەتتى، دەرۋەقە، ئۇ يېرىم ئومرىدە بىرەر ئاتقا ئىگە بولالمىغان ئىدى، ئەمدى بولسا كولخوزدا كوردى.



يەنە شۇ كۈنى پۈتۈن كەنتكە: ترادىنانىڭ ئويىدىكى پەيـ
غەمبەرنىڭ ھەيكىلىدىن نۇرچىقىپ ئەرۋاھلار ژىغىلىپتۇمىش، دېـ
گەن پىتنە تارىدى. ۋاسىلمۇ تۇيۇقسىزدىن بىر پارچە خەت تاپـ
شۇرۇۋالدى. خەتتە: «ۋاسىلى ئىشلىۋال، ئوبدان ئىشلىۋال، رىسـ
قىڭ تۈگەشكە ئاز قالدى» ـــ دېيىلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى



شۇنداقتىمۇ، كىشلەر كولخوز قۇرۇش ئىرادىسىدىن قايتـ -
مىدى. باشقۇرۇش ھەيئىتى مەجلىس ئېچىپ: دەرھال ئامبار،
ئاتخانا، كالا ئېغىلى ياساشنى، ئۇزۇن ئوتمەي پۈتۈن كەنتنى ئولكە
يەرگەكوچۇرۇشنى قارار قىلدى.



مەجلىستە ۋاسىلى: ئەرتە پومېشىشىك بوبلوٗكنىڭ ئۆيىنى
موٗسادىرە قىلىپ، كولخوزغا ئەڭ چوڭ ئامبار ياسايمىز، دەپ ئې-
لان قىلدى.



ئەرتىسى كەنتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى پومېششىك بوبلۇكىنىڭ ئۆيىگە قاراپ يېپىلىپ ماڭدى. يولدا كوپچىلىك ئېسىلزادە سە-بىكىنىڭ ئوغۇرلۇقچە بوبلۇكىنىڭ ئۆيىگە كېتىۋاتقانلىقىنى كوردى. كىلۇپقا ئوت قويغان، قورقۇتۇپ خەت يازغان بۇزۇقلار ئەشۇلار ئىدى.



زاپولۇچلۇقلارنىڭ ھەممىسى دېگىدەك ئوتمۇشتە بوبلۇكقا
ژىللىقچى بولغان، ۋاسىلىمۇ يەتتى يېشىدىن تارتىپلا ئۇنىڭغا ياللى-
نىپ ئىشلىگەن ئىدى. ھازىر كوپچىلىك بۇ قىبرى تۇلكىنىڭ ئەپ-
تىنى بىر كورمەكچى بولدى.

www.uyghurkitap.com



بوبلۇك چىقتى، ئارقىسىدا بىرلالما ئىشتمۇ بارئىدى. ئۇ چاندۇرمىغان بولۇپ: «يولداش رەئىس، نىمە بويرۇغىڭىز بار؟» — دەپ سورىدى. ۋاسىلى ئۇنىڭغا مۇسادىرە قىلىش بويرۇغىنى كورسەتتى، قىرى تۇلكە: «ياخشى گەپ، سىلەر ھوكۇمەتلەر، قىنى مەرھەمەت!» — دېدى.



بوبلۇكنىڭ قېرى كەمپىرى بىلەن ئىككى قىزى ژۇگرەپ چىقتى. كەمپىر خۇداغا نالە قىلىپ: «ۋاي ئوغۇللىرىم، ئاڭلىغانسىلەر، كورگەنسىلەر؟» — دەپ ۋاقىرىدى. مىكارا ئارقىدىنلا: «ۋاي ھەدە، ئوغۇللىرى خېلى ژىراقتا، ئاڭلىيالمايدۇ، ۋاقىراشلىرى بىكار» — دېدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئالدى بىلەن ئامبارنى بۇزۇپ، ئىغىش ۋە ياغاچلارنى باشقا تەرەپكە يوتكەپ باشقىدىن ئامبار ياساشماقچى بولدى. مىكارا ئەمدى ئامبار تەرەپكە مېڭىشىغا كەمپىر ئىككى قولى بىلەن ئىشىكنى توسۇۋېلىپ زەردى بىلەن«: ماڭ نېرى، چولاق شەيتان، يەنە بىز قۇلۇڭدىنمۇ ئايرىلغىنىڭ بارمۇ، كەت ژىراق!»ـــ دەپتىللىدى.



مىكارا ئاچچىقىدا تاتىرىپ كەتتى، ئۈچىشىنى غىچىرلىتىپ:
«يولنى بوشات، مەن ساڭا ياخشىلىقچە گەپ قىلىۋاتىمەن، ھەددىڭدىن
ئاشما»ـــ دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىستانى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ۋاسىلى ئۆكسىنىڭ سوقۇشۇپ قىلىشىدىن غەم يەپ، دەرھال ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى، ۋە: «مىكارا، ئالدىرىما، چاتاق چىقارمايلى، ئۇلارنى ماڭا قويۇپ بەر» — دېدى.



قېرى ئەزا گوفۇلۇچ كەمپىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «ھەي، سەن تولا ساراڭلىق قىلما، مۇنداق قىلىپمۇ ھەممە نەرسەڭنى ساقلاپ قالالمايسەن، تېزراق ئاچقۇچنى بەرگىن!» — دېدى. قېرى كەمپىرنىڭ قولى بوشۇشۇپ، ئاچقۇچ يەرگە چۈشۈپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com



ئىشنىڭ ئېچىلىشى بىلەن ھەممە تۇپۇرلىشىپ كىردى ـ دە، ئامبارنى بۇزۇشقا كىرىشتى. بۇ ئامبارنى كونىلار پومېششىككە ياساپ بەرگەن ئىدى، ۋاسىلىنىڭ دادىسىمۇ شۇلارنىڭ بىرى ئىدى، ئامبار زاپولۇچ كەنتى بويىچە ئەڭ چوڭ ئامبار ئىدى، ھازىر ئۇ كوپىنىڭ قولىغا ئۆتتى.



بوبلوُك بىلەن سىبىك ئۈن چىقماي قاراپ تۇردى، ئۇلار ئەمدى ھېجىيىپ يالغان كۈلمەس بولدى. ئۇلار بەلكى بىرەر دۈشمەنلىكنىڭ پىلانىنى قوروۋاتىدىغاندۇ. قېرى كەمپىر ئوغلىنى ئاگلاشقا چاقىرغان ئىدىغۇ، ھېلىقى ئەكسىلئىنقىلابچى ھازىرمۇ ئورماندىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

ئەمدى مىخاشقا كىلەيلى، ئۇ كولخوز قۇرۇلغان مەجلىستىن بېرى كۆڭلى بىسەرەمجان بولۇپ ژۈردى، خوتۇننى ئۇرغاندىن بۇيان ئۇ ھېچيەرگە چىقمىدى، ھەتتا قەينى ئانىسىدىنمۇ ژىراقلاشتى، پەقەت ئۆزى يالغۇز ئۆيدە ئىچى پۇشۇپ ئولتۇردى.



شۇ چاغدا گوبكا ئاستا كىرىپ كەلدى. ئۇ بىر ئىشنى كوزلەپ كەلگەن ئىدى، ئۇ كىردىشى بىلەنلا مىخاشىنىڭ ئوي تۇتۇش بىگىسىنى ماختاپ كەتتى: «بارىكاللا، سىنىڭ ئويۇڭ نىمە دېگەن كاتتا، ھەممە نەرسە جاي ـ جايىدا، سەن راستىنلا نەمۇنىچى» ــ دەپ كېلىپ، مىخاشىنىڭ بايلىغىنىمۇ تەرىپلەپ بەردى.




مخاش ئۇنىڭ قانداق ئادەملىكىنى بىلسىمۇ، نەزەردە تۇت-
مىدى، لېكىن گويىكا مخاشىنىڭ مۇجەزىنىڭ بوشلىقىدىن پايدى-
لىنىپ، ئۇنىڭغا ياقىدىغان سوزلەرنى قىلدى، ئاخىرى مخاش ئۇ-
نىڭ سوزىنىڭ يۇمشاقلىقىنى ھېس قىلىپ، پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورېكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



كېيىنرەك مىخاش گوبىكنىڭ•كېلىپ ياغاچچىلىق قىلىپ بېرىشىگە ماقۇل بولدى ۋە بىر ساندۇق بويرۇتتى. گوبىكا دەرھال ئۆزىنىڭ سايمان سېلىنغان تاغىرىنى كوتۇرۇپ كەلدى.



ئەرتىسى مىخاشىنىڭ خوتۇنى يەنە ئانىسىنىڭكىگە ژىغلاپ كېلىپ: «بىزگە ئۇنىڭ لازىمى يوقتى، بىزگە ئۇنداق چوڭ سان-دۇقنىڭمۇ كېرىكى يوقتى، ئەمما مىخاش شۇنىڭغىلا ئىشىنىپ ژۈ-رۈيدۇ»—دېدى. ئانىسى ئۇنىڭغا پەقەت: مىخاش بىلەن مەسلىھەت-لىشىپ ئىش كورۇشنى جېكىلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



كېچسى خوتۇنى مخاشقا پچىرلاپ: «سەن ئۇنى بلمەيـ
سەن ئەمەس، ئۇنىڭ بزگە قلچە پايدسى يوق، ئامرىغم، ئۇـ
نىڭ بلەن باردى ـ كەلدى قلما، ئۇ بۇ يەردىن كەتسۇن» ـــ دېدى.



مىخاشىنىڭ خوتۇنى ناھايىتى ئاستا سوزلىگەن بولسىمۇ،
لېكىن يان ئويدە ياتقان گويىكا ئاڭلىۋالدى. بۇ شەيتان ئۇنىڭ
بۇگۇن ئانىسىنىڭكىگە بېرىپ كەلگەنلىگىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇ يالغا-
ندىن خورەك تارتقان بولۇپ، بولغان گەپنى بىرىنىمۇ چالا قويماي
ئاڭلىۋالدى.



ئەرتىسى سەھەردە گوبكا ياغاچ رەندىلەۋېتىپ مىخاشقا:
خوتۇن خەق ئىسىلا دېگەن بىلەن يەنەشۇ خوتۇن خەق، بۇرادەر،
سېنىڭ خوتۇنۇڭ پەقەت ئانىسى بىلەن ئاكىسىنىڭلا گېپىگە كىرىد-
دىكەن، سېنى بولسا كوزگە ئىلمايدىكەن......» ـــ دېدى.



مىخاش ئېسىنى پۈتۈنلەي يوقۇتۇپ قويىدى، شۇكۈنى كەچتە ئۇ خوتۇنىغا ئانىسىنىڭكىگە بارماسلىقنى جېكىلىدى. خوتۇنى ئۇنىماي: «سەن ياكى گوبكىنىنىڭ سوزىنى ئاڭلا، ياكى مېنىڭ-كىنى، ئىككىمىزنىڭ بىرسىنى تاللا، ئۇنىڭ قانچىلىك ئېزىتقۇ ئىكەنلىكىنى تېخىچە بىلمەمسەن؟» — دېدى.



مىخاش كېچىچە خاپا بولدى. ۋانيا ئۇنىڭ بىلەن قانچە
تاكاللاشسىمۇ كارى بولمىدى. ئەرتىسى گوبىكا مىخلاپ بولغان
ساندۇقنى كورسۇتۇشكە ئېلىپ كىردى، مىخاش قولىنى مىدىرلى-
تىپلا قويدى، ئەمما تولىمۇ خوش بولۇپ كەتمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



كەچقۇرۇنلۇقتا مىخاش گويىكىنى هاراقتا تەكلىپ قىلـ
دى. ئۇ شەيتان مىخاشنى خېلى يۇمشاتتىم دەپ ئويلاپ، ئاشكارىـ
دىن ـ ئاشكارە: ئۇرۇش يېقىنلىشىپ قالدى، پەقەت تەرتىپ ئور-
ناتقۇچىلار لا كېلىدىغان بولسا، ئاكتىئودېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى دو-
مىيلى باسىدۇ، دېدى.



مانا ئەمدى مىخاش ئىشنىڭ ئانچە ئاددىي ئەمەسلىكىنى بىلدى ۋە بارغانچە ھوشىيار بولدى، ئەمما ئوقلىچە چاندۇرمىدى. ئۇ گوبىكىنى مەس قىلىپ قويۇپ تېخىمۇ كوپرەك پاراڭغا سالماقچى بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى



دېگەندەكلا گوبىكا يەنە نۇرغۇن سوزلەرنى قىلدى. ئۇ: بەزىلەر ھەرگىز ئۇخلاپ ياتقىنى يوق، ھازىرچە ئۇلارنىڭ ئادىمى ئاز، پات ـ ئارىنىڭ ئىچىدە كوپىيىپ كېتىدۇ، دېدى. ئۇ يەنە: لۇمۇشا ئىسىملىك بىر كىشى بۇ يەرگە تەيىنلىنىپ كەلدى، كىم شۇنىڭغا ئەرگەشسە زىيان تارتمايدۇ، دېدى.



كېيىنرەك گوبكا مەس بولۇپ قالدى، ئۇ يەنە ئەكسىلـ
ئىنقىلاپچى نوشىك بىلەن بوبلۇكلارنى ئېغىزغا ئالدى ـ دە، غەرق
مەس بولۇپ بوشۇشۇپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com



كېچىسى مىخاش پەقەت ئۇخلىيالمىدى. ئۇ ئۆتكەن ئىش-لارنى بىر قۇر يادىغا كەلتۈردى ۋە ئۆزىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابچى-لارنىڭ دامىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئويلاپ ئەجەبلەندى ھەم ئا-زاپلاندى. ۋەتەن يولىدا قان تۆككەن بىر پارتىزاننىڭ ھازىر مېڭىۋاتقان يولى قانداق يول؟ ئۇ ئىشنىڭ خەتەرلىكلىكىنى سەز-دى ۋە ھەممە ۋەقەنى دەرھال ۋاسىلىغا ئېيتىشنى قارار قىلدى.



ئەتىگەندە مىخاش گوبىكىدىن تېخىمۇ كۆپرەك گەپ ئېـ
لىش ئۈچۈن: «ماڭا يول كۆرسەتسەڭچۇ، قانداق قىلىشىم كېـ
رەك؟» — دېدى. گوبىكا: «سەن بېرىپ ھېلىقىدەك ھوشىنى بىلەلمە
گەن ژىگىتلەرنىڭ نوخۇلىسىنى ئېلىپ قويۇشۇڭ كېرەك» — دېدى.



www.uyghurkitap.com

مىخاش چىداپ تۇرالمىدى. ئۇ: «بۇ گەپچە، مەن گرا-
نات بىلەن قىيىنى ئاغام ۋاسىلىنى ئۆلتۈرۈشۈم لازىمكەندە؟» — دەپلا
تومۇر ھاسىسى بىلەن ئۇنىڭ باش - كوزىگە ئۇردى.



گوبكا تەمتىرەپ قالدى. ئۇنىڭ بېشىغا ۋە ئارقىسىغا بىر نەچچە ھاسسا ئۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ بېشىنى چىڭ تۇتقان پېتى ئىشىكتىن ئېتىلىپ چىقتى. مىخاش ئارقىدىن: «ساڭا 24 سائەت سۈرۈك بېرىمەن، شۇ ۋاختىنىڭ ئىچىدە زاپولوچتىن يوقال!» — دەپ ۋاقىرىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى



گوبكا قاچقاندىن كېيىن مىخاش چوڭقۇر ئويلۇنۇپ كور-
دى. ئۇ ئەمدى بىلدىكى، پەقەت ئەشۇنداق بۇزۇقلار — ئوزىنىڭ
كولخوزغا كىرىشىنى خالىمايدىكەن. ئۇ شىرەگە ئولتۇرۇپ، قەلەم-
نى قولىغا ئالدى-دە، كولخوزغا كىرىشنى تەلەپ قىلىپ ئىلتىماس
يازدى.



ناشتىدىن كېيىن تۇيۇقسىزلا مىخاش قېينى ئانىسىنىڭ
ئۆيىگە كىرىپ كەلدى. ئۇ بىرئاز ئىچىۋالغان بولۇپ خۇشكەيىپ
ئىدى، ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا قېينى ئانىسى، ۋاسىلى ۋە مىكارا
بىلەن سالاملىشىپ، ئاندىن ئىلتىماسىنى چىقاردى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى



مىخاش: «سىلەر مېنى يېرىدىن ئايرىلىشقا كوزى قىيمايدۇ دەپ ئويلىدۇڭلارمۇ؟ قاتاردىن قالغىچە خاتادىن قال دەپتىكەن. كوبتىن ئايرىلسام يەردىن نىمە پايدا تېگەتتى؟ مەن بۇگۇن گوبكىنىڭ جاجىسىنى بەردىم» — دېدى ۋە بولغان ۋەقەنى باشتىن-ئاياق سوزلەپ بەردى.



سەل تۇرۇپ ۋانيامۇ كەلدى. ئۇ ئانىسى بىلەن سويۇشۇپ بولۇپ، ئېرىنغا قاراپ كوزىگە ياش ئالدى ۋە ئېرىنغا: «بىز ئىككىمىز نىمە دېگەن بىخۇت، ھېمىشە!»—دېدى. مىخاش بېشىنى تووەن قىلىپ: «بولدى قىل، يېتەرلىك، يېتەرلىك!»—دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرىسى



بىرىم كېچىدە ئوبلومىفان يەردىن گوگئەنجوينىڭ كادىرى فىلابوپ شويۇ كەلـدى . ئۇ ئەھۋالنى بىلمەكچى بولدى. گوبىكا ئەسلىدە كونا ساقچى بولۇپ، باي دىخاننىڭ ئوغلىكەن. ئۇ كو- تۇرۇپ ژۇرگەن گوۋانامە يالغاندىن ياسالغان ئىكەن. بۇ ئەھۋاللار يەقەت بىقىندىلا ئېنىقلانغان.



ئەمما گوبكا قېچىپ كىتپتۇ. شويۇ مخاشقا: «ئەگەردە
مەن سینڭ بسلەن پارتزان ئەترتدە بللە بولمغان ۋە مۇـ
جەزنگنی بلمگەن بولسام بوینۇگنی ئۇزۇپ تاشلغان بولاتتم، نـ
مشكە ۋاسلغا دەپ قويمايسەن، گوبكنی برەر كۆن بولسمۇ قاچۇـ
رۇۋەتمەي تۇرساڭ بولماسمدی، ماناڭەمدی......»ـــ دەپ رەنجدی.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئىش تېخى تۈگۈمەسدى. شۈكېچىسىلا تاڭ ئاتارغا يېقىن،
بىر سىرلىق ئادەمنىڭ قارىسى بىر دەسسەپ - ئىككى دەسسەپ زا-
پۇلوچ كەتتىگە كىردى. ئۇ باشقا ھېچيەرگە بارماي توپ - توغرى
مىخاشىنىڭ ئۆيىگە ژۈگرەپ كەلدى، ئۇ — گوبىكا ئىدى.



ئۆيدە چىراق يۇنۇق بولۇپ مىخاش ئۇخلاۋاتاتتى. ۋانيا
قىزنىنى ئەمىزۇش ئۈچۈن كارۋاتتىن چۈشكەن ئىدى. ئۇ: ئېرىم بىلەن
ياخشى بولۇپ قالدىم، دەپ ئويلاپ ناھايىتى خوشال بولدى ۋە كولخوزغا
كىرىپ كوپچىلىك بىلەن بىللە بولۇدىغانلىغىنى كوز ئالدىغا كەلتۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



گويىكا ئۆيىنىڭ ئىچىگە تولۇق بىر قارىشۇبىلىپ، چىرايىدىن ۋەھشەت ياغدۇرۇپ، چىشىنى غىچىرلىتىپ قولىنى كۆتەردى ۋە قولىدىكى گراناتنى دېرىزىگە ئاتتى. گرانات «جاراڭ ـ جۇرۇڭ» قىلىپ ئەينەكنى چېقىپ ئۆيگە ئۇچقاندەك كىرىپ كەتتى.



گرانات پارتلاش بلەن قۇلاقنى يارغىدەك ئاۋازچىقىپ ۋال-ۋۇل ئوتلار چاقناپ كەتتى. ئوينىڭ ئىچى ئىسسقا توشۇپ كەتتى، شۇنىڭ بلەن قانلىق ۋەقە تۇغۇلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



پارتلىغان ئاۋاز كەنتنىڭ كۆزەتچىسىگە ئاڭلاندى. ئۇنىڭ مىلتىقى بولمىغاشقا دەرھال ۋاسىلىنىڭ ئۆيىگە ژۈگرەپ كېلىپ: «يولداش رەئىس! يولداش رەئىس! چاتاق چىقتى!» — دەپ ۋاقىراپ ئىشىكنى قاقتى.



ۋاسلى، مكارا ۋە گۇزەتچى بر تاپانچا بلەن ئوستەڭ تەرەپكە ژۇگۇردى. قورقۇنۇچلۇق شۇبھە ئۇلارنڭ ژۇرۇگدىن ئورۇن ئالدى.



ئالدى بىلەن مىكارا ئۆستەڭ ياقىسىغا كېلىپ: «مىخائىل!» —
دەپ ۋاقىرىدى، ئەمما جاۋاپ كەلمىدى، مىخائىل بولسا ئۆتۈنىڭ پىنىـ
دىلا ياتاتتى. ئۇ يالاڭ كىيىمى بىلەن ئۆستەڭنى كېچىپ ئۆتكەن
ۋە يارىلانغان بولغاچقا ۋاقىراشقا دەرمانى قالمىغان ئىدى.



مىكارا ئۇنى كورۇپ: «مىخاش، مىشا ياخشى دوستۇم!»—
دەپ ۋاقىراپلا ئۇنىڭغا قاراپ ژۇگەردى.

www.uyghurkitap.com



كەتتىكلەرمۇ قالماي، كەلدى. ئۇلار ئوستەڭدىن ئۆتۈپ ئۆيگە ژۈگۈرۈشۈپ كىردى. دۈشمەن قاچقان، ۋانيا قانغا مىلىنىپ ياتقان، قىزى بولساشىرەنىڭ بۇجىكىگە ژىقىلىپ ئۆلۈپ قالغان ئىكەن.



ۋاسىلى بەك ئېچىندى. ئۇ ۋانيانىڭ قولىنى تۇتۇپ
ئۇنىڭ تىرىكلىگىنى بىلدى، ئۇنىڭ تومۇرى سوقۇپ تۇراتتى.



مىكارا جۇۋىسىنى ۋانىياغا يۆگەپ قويدى ۋە ئۇنى يەنە
بىر ياش بىلەن دوختۇرغا كۆتۈرۈپ ماڭدى. مىخاشمۇ ئاللىقاچان
دوختۇرخانىدا ئىدى.



ۋاسىلى دوختۇرغا تىكىلىپ تۇرۇپ: «سىزدىن سوراي دېگىنىم، ئۇ......ساقىيالارمۇ قانداق؟»ــــ دېدى. دوختۇر جىددىي قىياپەتتە: «جەزمەن ساقىيدۇ، بۇرادەر، مەن ۋانيانى ھەرگىز ئۆلۈرگە بەرمەيمەن، ئەمماسىزدىن سەۋىرچان بولۇشنى تەلەپ قىلىمەن»ــــ دېدى.




ۋاسىلى ۋانيانىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ نەپەستە مىدـ
راۋاتقان كوكسىگە قاراپ، ئەڭ نومۇسسىز بۇلاڭچى، قاتىل گېزەنـ
دىلەرگە بولغان چەكسىز نەپرىتىنى ئىچىگە سىغدۇرالمىدى.



چۇيۋى شۇجى ۋانيا بسلەن مخاشنى يوخلاپ كەلدى.
ۋاسلى ئۇنى كورۇپلا: «يولداش شۇجى، ماڭا ئونبەش ژىگىتنى
قوشۇپ بېرىڭ، مەن بر ئايچە ژۇرۇپ ئۇلارنى تۇتماي قويمايمەن»
—دەپ تەلەپ قىلدى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

شۇجى ۋاسىلىغا تەسەللى بېرىپ، ئۇنداق قىلىشىنىڭ ھاجەتسىزلىكىنى، ھەممە ئىش جايىدا ئىكەنلىكىنى، ھېلىراق ئۆلكىگە تېلېفون بەرگەنلىكىنى، ئەرتە ئەتىگەندە بىر تاشقى كېسەللەر دوختۇرىنىڭ ئايروپىلان بىلەن كېلىپ ۋانيانى ئوپېراتسىيە قىلىپ، گىرانات پارچىسىنى ئېلىپ تاشلايدىغانلىغىنى ئېيتتى.



شۇجى مىخاشنى كورگىلى كەلدى. ئۇنىڭ يارىسى ئېغىر بولمى-
سىمۇ، لېكىن ھوشىدىن كەتكەن ئىدى، ئۇ جويلۇپ ياتاتتى. شۇجى
ئاستا گەپ قىلىپ: «ۋاي بۇرادەر، ئۆزەڭنىڭ كاژلىغىڭدىن مۇشۇ
بالانى تېپىۋالدىڭ!» — دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى



شۇجى ۋاسىلقا قاراپ: «ئاغىنە، سەن ئۇلارغا ئۇرۇش ئېلان قىلماقچى ئىكەنسەندە، بۇ ھاجەتسىز، گۇڭشەنجۇينىڭ ئادەملىرىمۇ ئۇلارنىڭ جاجىسىنى بېرەلەيدۇ، سىلەر ئۇلارغا ياردەم قىلىڭلار»-دېدى.



ۋاسىلىي دوختۇرخانىدىن كېلىۋاتاتتى. تۇيۇقسىزلا كىچىك ئورماندىن ئۈچ كىشى چىقتى. بىرى بوبلوكنىڭ ئوغلى، بىرى گوبىكا، يەنە بىرى يات كىشى ئىدى. كىچىك بوبلوك: «ھەي، توختا! ۋاسىلى، قولۇڭنى كۆتەر!»—دەپ ۋاقىردى.

www.uyghurkitap.com



كىچىك بوبلوك ئاۋتوماتنى ۋاسىلىغا تەگلەپ: «ھەي، ۋا-
سىلى، مېنى تونالمايۋاتامسەن، مەن ساڭا ئاللىقاچان «رىسقىڭ تۈ-
گىدى» دەپ خەت يازغان ئىدىمغۇ؟ گوبىكا، كەل، ئاختۇر» — دېدى.



گوبىكا بىر قۇر ئاختۇردى. قول سائىتىنىمۇ، پارتىيە بىلە-
تىنىمۇ ئالمىدى، ۋاسىلى ئۇلارنىڭ نىمەقىلماقچى بولغانلىغىغا ھەيران
قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بۇ بۇلاڭچىلار يەنە تېخى چۇيۋى شۇجىنىڭ ئالدىنى توسماقچى بولدى. كىچىك بوبلۇك گوبىكاغا ۋاسىلىنى ئورمان ئىچىگە ئېلىپ كىرىشنى بۇيرۇدى ۋە: «ئەگەر بەرەر ئىش چىقىپ قالسا ئۆلتۈرۈۋەت» — دەپ تاپشۇردى. ئارقىدىنلا ئۇ يەنە ۋاسىلىغا: «يولداش رەئىس، ئورمانلىقتا ساقلاپ تۇرۇڭ، بىز ھازىرلا چۇيۋى شۇجىسىنىزنى تۇتۇپ كېلىمىز!» — دېدى.



ۋاسلى ئىچىدە: سەنلەر شۇجىنى تۇتالمايسىلەر، چۈنكى ئۇ بۈگۈن بۇ يول بىلەن ماڭمايدۇ، دەپ ئويلىدى. گوبسكا ئۇنى ئالدىغا سېلىپ: «ماڭ، ماڭ، ئاكتىۋ ئۇنسۇر، سەن مېنى يوقاتماقچى ئىدىڭغۇ، مانا ئەمدى ئىككىمىز تېپىشتۇق، سېنىڭ ھەددىڭ بىلەنمۇ تېپىشىپ بولدۇم، ئۇ مېنىڭ بىگىسىمنى كورۇپ قويدى، مەن سەنلەرنى قورۇتمەن!» — دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئورماننىڭ قويۇق يېرىگە كەلگەندە، گويىكا ناگاننى ۋاسىلنىڭ كوكسىگە تەڭلەپ: «ھەي، سائىتىڭنى چىقار، پۇلۇڭنىمۇ چىقار!» — دېدى. ۋاسىلي ئەمىلا ئۇنىڭ پۇلغا يالغۇز ئىگە بولۇش ئۇچۇن بايام ئاختۇرغاندا ئالمىغانلىغىنى چۇشەندى. ھېلىقى پارتىيە بىلىتىنى ئۇ پۇل چېكى دەپ ئويلاپتۇ!



گوبكا قول سائەتنى يېشىشكە ئامال قىلالمىدى. ئۇ ۋا-
سىلىغا ئۆزى يېشىشنى بويرىدى. ۋاسىلىي قەستەن ناھايىتى ئاستايەش-
تى ۋە ئۇنىڭ ئەدىۋىنى بەرمەكچى بولدى، سائەتنى يېشىپ بولغاندا
قولىدىن چۈشۈپ كەتتى.



پۇلفا دۇم چۇشكەن گوبكا سائەتنىڭ چۇشۇپ كەتكەنلىگىنى كورۇپ، دەرھال ئىگىشتى، دەل شۇ چاغدا ۋاسىلى خۇرۇم ئوتۇگى بىلەن ئۇنىڭ ئىگىگە بىرنى تەپتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ۋاسىلى بېرىپ ئۇنىڭ تاپانچىسىنى تارتتى. گوبىكا بىر قولى
بىلەن يۈزىنى، بىر قولى بىلەن تاپانچىسىنى چىڭ تۇتۇۋالغاشقا
ھەر قانچە قىلىپ ئالالمىدى. گوبىكا بىر ياقتىن ۋاسىلى بىلەن
ھەپىلىشىپ، بىر ياقتىن ئۆلگىدەك ۋاقىرىدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



بۇچاغدا قىلىچە بوشاڭلىق قىلماسلىق كېرەك. ۋاسىلى جىب-
نىنىڭ بارىچە ئۇنىڭ قورسۇغىغا بىرنى تېپىپ، قويۇق ئورمانغا قاراپ
ئۇچقاندەك قاچتى . ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تاپانچا ئاۋازى چىقىپ تۇر-
سىمۇ، ئۇ ھېچنەرسىگە قارىماي ئىلگىرى ژۇگۈردى.



ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ ئاخىرى زاپولوچ كەنتىگە كەلدى. ۋاسلى دەممۇ ئالماي توپ-توغرى كەنتكە ماڭدى. بۇچاغدا قۇياش ئەمدىلا تېنى كوتۈرۈلگەن بولۇپ، دەرەخنىڭ ئۇچلىرىدىكى شەبنەملەر پاقىرايتتى. ۋاسلى ئوز-ئوزىگە: «مەن تىرىك قالدىم، ھەممە ئىش ئوڭشۇلۇپ كېتىدۇ» — دېدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ۋاسىلىنىڭ مەلۇماتى بويىچە گۇگەنجوي ئورماننى چارلاشقا قوراللىق كىشى چىقاردى. گوبىكا شۇ يەردىلا ئاۋتومات ئوقىدا ئۆلدى. كىچىك بوبلوك بىلەن سىبىكىنىڭ ئىنىسى قولغا چۈشتى.



ھەقىقىي ماتېرىياللارغا ئاساسەن گوڭشەنجوي تەرىپىدىن قېرى
بوبلوكنى، ئىسلزادە سىبكنى، يەنە بىر خرىستىيان پوپى شىپىچىنكى
دېگەننىمۇ قولغا ئالدى. چونكى ئۇلار ئوت قويۇشنى ۋە قاتىللىقنى
ئۇيۇشتۇرغۇچىلاردىن ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئۇزۇن ئۇتمەي مىخاش بىلەن ۋانيامۇ ساقايدى. ۋاسىلى ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىشكە باردى. مىخاش ۋاسىلى بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كورۇشتى. مىخاشنىڭ ئىشەنچىسىنى تىكلىگەنلىگىنى ۋە خۇشخۇي بولۇپ قالغانلىغىنى كورگىلى بولاتتى. ۋانيا بولسا قىزىدىن ئايرىلغان ۋە ئورغۇن جاپا تارتقاشقا چىرايى ئاقىرىپ قالغان ئىدى.



قايتىپ كەلگەندە ئانىسى ئىشىك ئالدىدا كۈتۈۋالدى. ۋانيا ئانىسىنى كورۈپلا قىزىنى يادىغا كەلتۈردى. ئانىسى ئۇنىڭغا: «ژىغلىما، ئوبدان قىزىم، ژىغلىغان بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ، ئۆزەڭنى ئاۋارە قىلما» ـــ دەپ تەسەللى بەردى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

زۇلمەتلىكتىن تاڭ ئاتقىچە نۇرغۇن سىناقلاردىن ئۆتكەن ژە
جاپا چەككەن دېخانلار ھازىر تولۇپ ـ تاشقان ئىشەنچ بىلەن پاياند
سىز زېمىندا ئىشلىمەكتە. كونا ئادەتلەر ئۆزگەردى، كىشلەر ياپ ـ
يېڭى، ئەۋزەل تۈزۈم ئورناتتى. زاپولوچ كەنتى تاڭ ئېتىش ۋاخ
تىدىكى سەھەر مەنزىرىسىگە چۆمۈلدى.

بۇ كىتاپ شاڭخەي خەلق سەنئەتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 1958 -
يىلى يانۋاردا شاڭخەيدە نەشر قىلىنغان بىرىنچى نەشرى بىرىنچى
باسمىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.

本書根据上海人民美术出版社1958年1月第一版第一次印刷版本譯出。

كىتاپ نومېرى: 366 (4) 1588

چېگرا رايوندا تاڭ

ئاۋتورى: يانكا.

رەسسام: خې سۇجۇن.

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

ئادرېس: بېيجىن گوزىجەن 54 - قورا.

بېيجىن شەھەرلىك ئەخبارات ۋە نەشرىيات باشقارمىسىنىڭ

رۇخسەت قەغىزى نومېرى: «ن — 047»

مەركىزىي مىللەتلەر مەتبەئەسىدە تىزىلدى.

شاڭخەي بىرىنچى باسما زاۋودىدا بېسىلدى.

شىنخۇا كىتاپ ماگازىنى تەرىپىدىن تارقىتىلدى.

1958 - يىلى ئاۋغۇستتا بىرىنچى قېتىم نەشر قىلىندى.

1958 - يىلى ئاۋغۇستتا شاڭخەيدە بىرىنچى قېتىم بېسىلدى.

فورمات: 787 × 1092 م.م. 1/48 ھەجمى: 2 2/3 باسما تاۋاق.

تىراژى: 1—4،000 باھاسى: 26 پۇڭ.

بىرلەشمە نومېرى: MT 8049 ئۇيغۇرچە 108.

www.uyghurkitap.com

書號：1588(4)366

边区的黎明

（維吾尔文）

（苏联）楊卡·布雷里

何树鈞絵

民族出版社翻譯出版

地址：北京國子監街54號

北京市書刊出版業營業許可證出字第047號

中央民族印刷厂排版

上海印刷一厂印刷

新华書店发行

1958年8月第一版

1958年8月上海第一次印刷

787粍×1092粍1/48　印張2 2/3

印數：1—4,000冊　定價：二角六分

統一書号：MT8019·維108